دۇنيادىكى تۈرلۈك مەدەنىيەتلەر ۋە نام-ئاتىقى بار بىر قانچە چوڭ دىن بۇ زېمىندا ئۇچراشقان. شۇ تۈپەيلى چەتئەللىك بەزى ئالىملار بۇ رايوننى ناھايىتى كېلىشتۈرۈپ «خەلقئارا مەدەنىيەتنىڭ ئاچىلى» دەپ سۈپەتلىگەن.

قەشقەردە ھازىرقى بار بولغان قەدىمى شەھەر كوچىلىرىدىن ھېيتگاھ جامائەسىنى مەركەز قىلغان چاسا كوچا، ئوردا ئالدى، بۇلاق بېشى، ئوردا مەسچىتى، دۆڭمەسچىت، جانقۇرغان، تۆرياrباغ، كونا دەرۋازا يولى، يار بېشى كۆلالىچىلار مەھەللىسى قاتارلىق جايلار ئۆستەڭ بويى ئەتراپلىرىغا مەركەزلەشكەن. ئوردا بېشى يولى، كونا دەرۋازا يولى، يارباغ يولى، ئارىيا يولى ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمي تۇرالغۇ- كوچىلار قەشقەر شەھىرىنىڭ يارباغ ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدە بولۇپ، جانقۇرغان كوچىسى بىلەن بۇلاق بېشى كوچىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا يەنە 20 نەچچە تار كوچىلارغا ئايرىلغان. ئومۇمي دائىرىسى 2 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئون نەچچە مىڭ ئاھالە ئولتۇراقلاشقان. بۇ كوچىلارنىڭ بەرپا قىلىنىش تارىخىنى مىلادى 10 - ئەسىرلەرگىچە سۈرۈشكە بولىدۇ. ئولتۇراق رايوندا ھازىر ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت (شەھەر) دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن 12سى بار. بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى بولسۇن ياكى مەسچىت قۇرۇلۇشلىرى، رەستىلەر قويۇق ئىسلام مەدەنىيىتى قۇرۇلۇش تۈسىنى ئالغان. كوچىلار ئەگرى- بۈگرى، ئۆمۈچۈك تورىدەك ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن. خۇددى سىرلىق ئوردا، قەلئە يوللىرىغا ئوخشايدۇ. ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى قۇرۇلما جەھەتتە خام كېسەك، توپا، پىششىق خىش، ئەنجان تاملاردىن ياسالغان. ئۆينىڭ ئۈستىگە ئۆي سېلىنىۋېرىپ ئالدى يەر يۈزىدىن 4- 5 قەۋەتچە ئېگىزلەپ، يىراقتىن قارىغاندا قەلئەگىلا ئوخشاپ قالغان. ئولتۇراق رايوندا يەنە ئەسلى ئورنىغا ئەسلى ھالىتىنى ساقلىغان ئاساسىدا پىششىق خىشتىن يېڭىلىنىۋاتقان تۇرالغۇلارمۇ بار. ئولتۇراق ئۆيلەر بەك زىچ سېلىنغانلىقتىن كوچىلار خېلىلا تار. ئەسلى ھالىتىنى ساقلاش ۋە ئۆرۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تېرەكلەر بىلەن يۆلەپ قويۇلغان تۇرالغۇ- كوچىلارمۇ بار. تار كوچىلارنىڭ ئۈستى يېپىلىپ، ئۆي قىلىنغان. كوچىلارنىڭ باش- ئاخىرىنى پەرق ئەتمەك ئىنتايىن تەس. بەزىدە بۇ كوچىلاردا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر ئۆزلىرىمۇ ئادىشىپ قالىدىكەن. بىر قىسىم كوچا بۆلەكلىرىدە ئىككىنچى بىر كوچىغا ئايلىنىش يول كۆرسەتكۈچ بەلگىلىرى كۆرسىتىپ قويۇلغان. بىر قىسىم كوچىلارغا پەلەمپەي ئارقىلىق يۇقىرى ئۆرلەپ مېڭىشقا توغرا كېلىدىكەن. بۇ يەرگە جايلاشقان ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ كۆپ قىسمى پەس بولغاندا ئىككى قەۋەت، بەزى تۇرالغۇلار ئۈچ- تۆت قەۋەت بولغاچقا ئالقانچىلىك بوشلۇقلارمۇ ئاھالىلەرنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. قورولارغا پەقەت بىرلا ياغاچ دەرۋازىدىن كىرىپ، ئوڭ ۋە سول تەرەپتىكى يان ئۆيلەرگە قايرىلغىلى، پەشتاق- پەلەمپەيلەر ئارقىلىق ئۈستۈنكى قەۋەتلەرگە چىققىلى بولىدۇ، ئۆگزىنىڭ گىرۋەكلىرى بىر

| | | |
|---|---|---|
| ئە: بىز ھېلىقى ماقالىنى | كۆرۈپ<br>يېزىپ<br>كۆچۈرۈپ | بولدۇق. |
| ئا: تېكىستنىڭ 3- ئابزىسىنى قايسىڭلار | ئوقۇپ<br>تەرجىمە قىلىپ<br>تەھلىل قىلىپ | باقىسىلەر؟ |
| ئە: مەن | كۆرۈپ<br>يېزىپ<br>كۆچۈرۈپ | باقاي. |

## تېكىست

### قەشقەر



قەشقەر ـ ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى، يىپەك يولىدا پارلىغان نۇرلۇق مەرۋايىت، ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمى شەھەر. تارىم ۋادىسىدا ياشىغۇچى تۈركىي ۋە باشقا مىللەتلەر خېلى قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ياشاپ مول ۋە رەڭدار بولغان شانلىق مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۈيۈك خاقانىيە خانلىقى قەشقەرنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان. خاقانىيە سۇلالىسى ئاز كەم 400 يىل سەلتەنەت سۈرۈش جەريانىدا، قەشقەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ، قوشنا ئەللەر مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولغان 11-ئەسىردە بارلىققا كەلگەن دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ۋەكىل خاراكتېردىكى ئىككى پارچە شانلىق ئەسەر « قۇتادغۇ بىلىك» ۋە « تۈركىي تىللار دىۋانى» قەشقەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، « تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇئەللىپى قەشقەرلىق. « قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئۆلمەس ئەسەرنى قەشقەردە يېزىپ چىققان ۋە قەشقەردە ياشاپ ئۆتكەن.

قەشقەر رايونى قەدىمدە جەنۇبىي ۋە شىمالىي يىپەك يولىنىڭ قوشۇلۇش نۇقتىسىدا بولغاچقا، ئۇ يالغۇز شەرق بىلەن غەرب سودا ئىشلىرىدا مۇھىم بولغان زۆرۈر جاي بولۇپلا قالماستىن، شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشىدىكى مۇھىم تۈگۈن بولۇپ،

## يىگىرمە بەشىنچى دەرس
## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق

I

ئايۇپ ماڭا مۇشۇ
كىتابچىلىك \ كىتابچە
چىنىچىلىك \ چىنىچە
بىر
ئۆنئالغۇ
نەشپۈت
بەردى.

مەن ئۇيغۇرچىنى ھەسەنچىلىك
سۆزلىيەلمەيمەن
بىلەلمەيمەن
يازالمايمەن
.

II

ئا: سىز بۇ
رومانىنى ئوقۇغان
كىنونى كۆرگەن
ھېكايىنى ئاڭلىغان
مۇ (سىز)؟

ئە: مە بۇ
رومانىنى ئوقۇغان
كىنونى كۆرگەن
ھېكايىنى ئاڭلىغان
(مەن)، سىزچۇ؟

ئا: مەن بۇ
رومانىنى ئوقۇمىغان
كىنونى كۆرمىگەن
ھېكايىنى ئاڭلىمىغان
(مەن).

III

ئا: سىلەر ھېلىقى ماقالىنى
كۆرۈپ
يېزىپ
كۆچۈرۈپ
بولدۇڭلارمۇ؟

198